# ئەقلىفون ئارقىلىق ئىسلاملىشىش:

# ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئالاقە تورىنىڭ ئۆزگىرىشىگە نەزەر

Islamisation by smartphone: the changing shape of Uyghur social media networks

ئەزىز ئىيسا ئەلكۈن (مۇستەقىل تەتقىقاتچى، ئەنگلىيە)

2014 ـ يىلى، 12 ـ نويابىر، لوندون

---

www.uyghurensemble.co.uk/uy/?p=347 | www.uyghurensemble.co.uk/uy
www.uyghurensemble.co.uk/Eqilfon_Islam.pdf

مەزكۇر ماقالە 2014 - يىلى 20 - سېنتەبىر ئىستانبۇلدا ئېچىلغان 6 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ۋە شۇ ئاساستا تەييارلاندى.

ئۈندىدار
微信
WeChat

# كىرىش سۆز

جەمئىيەتشۇناسلىق ـ ئىنسانلارنىڭ بارلىق هايات ـ پائالىيىتىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئۆبيېكتى قىلغان هالدا ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دائىرىسى كەڭ بولغان بىر ئىلىم ساهەسىدۇر. ئۇ بارلىق ئىلىملەرنىڭ ئاساسى ۋە يېتەكچىسىدۇر چۈنكى بىز ئىنسانلار ئەلمىساقتىن تارتىپ ئەقىل پاراستىمىزنىڭ تەڭ يېرىمىنى ئۆزىمىزنى بىلىش ئۈچۈن سەرىپ قىلىپ كېلىۋاتىمىز.

جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ئابىستىراكىت بىر پىرىنسىپى ـ سىز قانداق بىر تۈردە تەتقىقات ئېلىپ بارماڭ، ئالدى بىلەن سىز چوقۇم شۇ جەمئىيەت توپىدىكى ئادەملىرىنىڭ ئېتنىك مىللىي ئالاهىدىلىگىنى چىقىش قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى، ياشىغان تەبئىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇهىتلىرىنى چۈشىنىشىڭىزنى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ هاياتىدا دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىللىرىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، ئۆتكەنكى ۋە هازىرقى خوشاللىقى، قايغۇسىنى، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمۈت ۋە تەشۋىشلىرىنى، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ جەمئىيەتتىكى روهىي هالىتىنى كۆزىتىپ، جەمئىيەت ئېقىم يۆلىنىشىنى توغرا ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدا بىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ . ھەرقانداق بىر جەمئىيەت توپىدىكىلەرنىڭ روهى هالىتى ۋە هايات پائالىيەتلىرىنى ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان، بۇرۇندىن بار بولغان ياكى يېڭىدىن شەكىللەندۇرگەن جەمىيەت مۇهىتى تەدىرىجى بەرپا قىلغىنىغا ئوخشاش يەنە شۇ بىر تېررىتورىيەدە ئۇزاق مەزگىل توپلىشىپ ياشىغان بۇ توپتىكى ئادەملەرنىڭ ئەمەلىي هايات پائالىيەتلىرى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئۆزگۈرشىگىمۇ بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن بولىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ باغلىنىشلىق دائىرىسى كەڭ بولۇپ ئۇ گېنىتىك، ئېتنىك، تەبئىي تېررىتورىيە، سىياسىي تېررىتورىيە، سىياسىي، مىللىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسدىي، تارىخىي، مەدەنىي، هاكىمىيەت قۇرۇلما قاتارلىق نۇرغۇن ساهەلەرنى ئۆز تەركىبىگە ئالغان بولىدۇ.

جۇملىدىن كەڭ دائىردىكى ئابستراكىت جەمئىيەتشۇناسلىق نوقتىسى بىلەن ئېيتقاندا بۈگۈنكى ئىنسانلار ھايات ـ پائالىيىتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئۆزگۈرۈشلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتقان ئۇچۇر دەۋرىدە ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز ئۇلۇشىنى ئېلىشقا ئۇلگۈرەلىگەن دۇنيا ئىنتېرنېت تورى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات مەسئۇلى بولغان ئىجتىمائىي ئۇچۇر ـ ئالاقە ۋاستىسى ئۇيغۇر جەمىيىتىگە بولۇپمۇ ئۇيغۇر ياشلىرىغا قانداق ئۆزگۈرۈشلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ دېگەن سوئالغا جاۋاپ ئىزدەش زورۇرىيىتى ئەلبەتتە تۇغلۇدۇ.




*(رەسىم ئۈندىدار دوستلار چەمبىرىكىدىن ئېلىندى)*


ئۆتكەنكى بىر قانچە يىللاردىن بۇيان بولۇپمۇ 2012ـ يىلىدىن 2014 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە ئۇيغۇرلار ئاكتىپ قوللۇنۇپ كېلىۋاتقان "ئۈندىدار" ئەقىلفون ئىجتىمائىي

ئالاقە ئەپ تورىنىڭ ختاي ھۆكۈمىتى دائىرلىرى تەرىپىدىن قاتتىق نازارەت قىلىنىشى، بولۇپمۇ 22- ماي ئۈرۈمچى ئەتىگەنلىك بازار بومبا ھۇجۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن باشلانغان "قاتتىق زەربە بېرىش" ھەركىتى بىلەن تەڭلا ساقچىلارنىڭ كوچىدا كېتىۋاتقان خالىغان بىر ئۇيغۇرنى توختۇتۇپ تۇرۇپ يانفونىنى تەكشۈرىشى، 2014- يىلى يازدا خوتەن قاتارلىق بەزى ۋىلايەت ۋە شەھەرلەردە "ئۈندىدار" ئالاقە تورىنىڭ توسۇۋېتىلىشى قاتارلىق بىر تۈرلۈك ئىجرا قىلىنىۋاتقان سىياسى ھەركەت ۋە چەكلەش تەدبىرلىرى بىلەن رايوندا ئۆتكەنكى يىللاردىن بۇيان ئۈزۈلمەي يۈزبېرىۋاتقان قانلىق ۋەقەئەلەر ئوتتۇرسىدا زادى قانداق مۇناسىۋەتلەر بار؟ رايوندا يۈزبېرىۋاتقان زوراۋانلىق ۋەقەئەلىرىنى ختاي ھۆكۈمىتى خەلقئارا سەھنىلەردە دۇنياغا بار كۈچى بىلەن تەرغىپ قىلىپ كېلىۋاتقىنىدەك راستىنلا ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا "ئىسلام ئاشقۇنلىقى" ياكى "جىھاد" قىلىش تەرغىباتى ئاساسىدىكى زوراۋانلىق ھەركەتلىرى ئەۋج ئېلىۋاتامدۇ؟ ختاي ھۆكۈمىتى داۋا قىلىپ كېلىۋاتقاندەك ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەركىتى" نىڭ بۇ ۋەقەئەلەر بىلەن زادى قانچىلىك مۇناسىۋىتى بار ؟

قىسقىسى بۇ ماقالىدا مەن ئۆزەمنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى تورىبېكەتلەرنى،بولۇپمۇ ئاساسلىق ھالدا ئۈندىدار ئىجتىمائىي ئۇچۇر - ئالاقە تورىنى قوللۇنۇش جەريانىدا ئىگەللىگەن مەنبەلىرىم ئاساسىدا بۇگۈنكى يېڭى ئۇچۇر-تېخنىكىسى دەۋرىدە ئەقىلفون ئىجتىمائىي ئالاقە تورى ئارقىلىق ئۇچۇر ئالماشتۇرۇۋاتقان مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئۆز جەمئىيىتىگە ۋە شۇ جەمئىيەت ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىتىگە قانداق تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنلىكىنى، ئاقىۋەت قانداق ئۆزگۈرۈشلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكى قاتارلىق ئىجتىمايى ھادىسىلەرنى ئۇيغۇر ۋەتىنىدە يېقىنقى يىللار مابەينىدە بولۇپ ئۆتكەن تىراگېدىيەلىك ۋەقەئەلەرگە بىرلەشتۈرۈپ بايان قىلىمەن .

# ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋھۇم دۇنيادىكى دىدارى - "ئۈندىدار"

ئۇچۇر-ئالاقە تېخنىكىسىنىڭ 25 يىلدىن بۇيانقى ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى ئىنسانلارنىڭ هايات-پائالىيەتلىرىگە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى جۈملىدىن دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كوپ ۋە ئەڭ كېيىن تەرەققىي قىلىۋاتقان خىتاي دۆلىتىمۇ بۇ ئۇچۇر تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ سىرتىدا قالمىدى. بولۇپمۇ ئۆتكەنكى 3 يىلدىن بۇيان خىتاي دۆلىتىدە ئەقىلفون تورى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ سانى ناهايىتى تېز ئۆرلىدى.



خىتايدىكى ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي ئالاقە تورىنى قۇرغان خىتاينىڭ تىسېنت (腾讯 Tencent) شىركىتى 2 يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا ۋېيشىن (ئۈندىدار، 微信 ياكى ئېنگلىزچە: WeChat) كانادادا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان Kik Messenger پروگراممىسىنى كۆچۈرۈپ، شۇ ئاساستا تەرەققىي قىلدۇرغاندىن كېيىن، 2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈندىدار ـ ۋېئىيشىن ئەپىنىڭ دۇنيا بويىچە ئەقىلفون ئارقىلىق قوللىنىلىش ئادەم سانى 600 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، خىتاي دۆلىتىدىكى قوللانغۇچىلارنىڭ سانى 500 مىليون ئاشقان.[1]


ئۈندىداقتا ئۇيغۇرلار "ئۈندىدار" دەپ ئىسىم قويغان ۋە بۇ ئىسىم بىلەن تونۇلغان، ئۇيغۇر ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىرىنى ئاساس قىلىپ قوللىنىلىۋاتقان بۇ ئىجتىمائىي ئۇچۇر ـ ئالاقە تورى ئۆتكەنكى 2ـ3 يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قانداق ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى؟

ۋېيشىن ـ ئۈندىدار ئىجتىمائىي ئالاقە تورى نورمالدا خۇسۇسىي كومپيۇتېر (PC) مەشغۇلاتىنى ئاساس قىلمايدىغان، ئەقىلفون سىستېمىسىغا ماس ھالدا لاھيىلەنگەن بولۇپ، تېخى يېقىنقى مەزگىلدىلا خۇسۇسىي كومپيۇتېر سىستېمىسىغا ماس كېلىدىغان سىرتتىن قوللىنىغۇچى پروگراممىسى ئىشلەنگەن بولسىمۇ يەنىلا 90% تىن كۆپرەك قوللانغۇچىلار ئەقىلفون ئارقىلىق مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ. دېمەك ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بولۇپ تەخمىنەن بىر قانچە مىليون ئۇيغۇرلار دۇنيا بويىچە ئۈندىدار ئارقىلىق دوستلىرى ۋە ئائىلىدىكىلىرى بىلەن ھەر كۈنى دىكۇدەك ئاۋازلىق، سىن، ئۇچۇر يوللاش شەكلى ياكى رەسىملەر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ـ ئارا ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ.

---

[1] "خىتاي خەۋەر مۇلازىمىتى" (China News Service) تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان "خىتاي مەلۇماتى" ( China Report) ژۇرنىلىنىڭ 1 ـ مارت 2014ـ يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلغان "يانفون تورى ـ رەقەم ئۇرۇشى" ( Mobile internet ـ Digital Warfare ) ناملىق ماقالىگە قارالسۇن. ماقالە ئاپتورى: Zhihui ۋە Chen . ISSN 2053ـ0455. Wesite: www.newschinamag.com Jiying

گەرچە ئۈرۈمچىدە 2009- يىلى يۈز بەرگەن"ئۈرۈمچى 5- ئىيۇل قانلىق ۋەقەسى" دىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇيغۇر توربەتلىرىگە قارىتا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئىسلامىي، سىياسىي ۋە مىللىي نارازىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە مەزمۇنلارنىڭ تورلاردا تارقىلىشىنى قاتتىق چەكلەپ كەلگەن[2] بولسا 2014- يىلى 1- مارت كۇنمىڭ ۋەقەسى ۋە 22 - ماي ئۈرۈمچى ئەتىگەنلىك بازارغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەلىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر ۋەزىيىتى قايتىدىن جىددىيلەشتى. دائىرىلەر ئۇيغۇر توربېكەتلىرىدە بولۇپمۇ ئەقىلفونلاردا ئۇندىدار ئەپ ئارقىلىق سەزگۈرلۈككە ياتىدىغان بارلىق مەزمۇنلارنى، بولۇپمۇ ئىسلامى دىنى، سىياسىي مەزمۇنلار ياكى ئىسلام ئاشقۇنلىقىغا ئائىت مەزمۇنلارنىڭ تارقىلىشىنى قاتتىق كونترول قىلدى ھەم يېڭىدىن خىتاي ئۆزىنىڭ قانۇن قامۇسىغا قوشقان "تور جىنايىتى" گە تەبدىقلەپ كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىسلامىي ئۇن-سىن ۋە "مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ئائىت ئۈچۈرلار" نى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا قولغا ئالدى ۋە تۈرمىلەرگە قامىدى.[3]




---

[2] "ئۇيغۇر توربەتچىلىكىگە ئومۇمىي نەزەر" ، ماقالە ئاپتورى ئەزىز ئەيسا، خەلقئارا قەلەمكەشلەر تور بېكىتىدە 2011- يىلى نەشر قىلىنغان http://www.uyghurpen.org/uy/Uyghur_torbetchilikige_omumiy_nezer.html . ئەلكىتاپ نۇسخىسى http://www.uyghurensemble.co.uk/shop/uyghur_torbetchiligi_elkitap.html :

[3] خىتاينىڭ سوت مەھكىمىسى شىنجاڭ رايونىدىكى 32 ئادەمگە توردا ئېكستىرېمىزم تەرغىباتى قىلغانلىقى ۋە تېررور گۇرۇپپىسى قۇرغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە قامىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئۇندىدار ئەپنى ئەقلفونلاردا قوللىنىشى قۇلايلىق بولۇشى ۋە قوللىنىش ئادەم سانىنىڭ تېزدىن كۆپىيىشى سەۋەبىدىن دائىرىلەرنىڭ كونتروللۇقى ۋاقتىنچە ئۇيغۇر توربەتلىرىگە قارىغاندا ئۇنۇمى تۆۋەن بولۇپ كەلدى. مۇنداق بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب ئۇندىدار قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە ئەپلىرىدە ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىشىدۇر .

مەن خۇسۇسەن ئۇندىدار ئىجتىمائىي ئالاقە تورىنى قوللانغان ئۆتكەنكى ئىككى يىلدىن بۇيان مېنىڭ يېزا ۋە شەھەرلەردىكى ئۇرۇق-تۇغقان ياكى دوست-يارەنلىرىم بولسۇن مەن قاتناشقان توپتىن ياكى دوستلار چەمبىرىكىدىن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىن تارقىتىلىۋاتقان ئىسلام ئاشقۇنلىقى ۋە خىتاي هۆكۈمىتىگە قارشى ئىسلام جىهادىغا دەۋەت قىلىنغان ئۇن-سىن هۆجەتلىرىنى، ئۇيغۇر خانىم قىزلىرىنىڭ ئىسلامىي يوسۇندا كىيىنىشى تەرغىب قىلىنغان ۋەزى-نەسىهەتلىك يازمىلاردىن تارتىپ خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرى تەنقىد قىلىنغان هەجۋىي رەسىملەرگىچە بولغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ هەر قاتلاملىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەنبەلەر بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ كەلدىم. تەبىئىيكى ئۇندىدار ئۇيغۇر بۈگۈنكى رېئال هاياتىنىڭ تور مەۋهۇم دۇنياسىدا ئەكس ئېتىلگەن بىر هالىتى بولۇپ، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئەركىن پىكىر قىلىش ئارزۇ ۋە ئىستەكلىرىنى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە قانداق ساهەگە قىزىقىۋاتقانلىق يۆلىنىشىنى كۆزىتىشتە قۇلايلىق بىر كۆزنەك بولۇشتەك رولىنى هازىرلىغان ئىدى.

ماقالىنى ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەش بىلەن داۋاملاشتۇرمەن :

---

Courts in China's Xinjiang region have jailed 32 people charges of spreading extremist content online and organising terror groups, media report http://www.bbc.co.uk/news/world-asia-china-28258983

- ئەقىلفون تورى ئارقىلىق ئۈندىداردا ئىسلامچىلىق ئېقىمىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تېزدىن يامرىشىنىڭ ئارقىسىدا قاندا سەۋەب ۋە نەتىجىلىك مۇناسىۋەتلەر يوشۇرۇنغان؟

- گەرچە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقىلى 10 ئەسىردىن ئاشقان بولسىمۇ نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇيغۇر ياشلىرى ئىجتىمائىي ئۇچۇر - ئالاقە تورى ئارقىلىق ئىسلام دىنى دەۋەتچىلىكىنى، ئىسلام تەشۋىقاتلىرىنى قايتىدىن باشلايدۇ؟

- بۇ تەشۋىقاتلاردا نېمە ئۈچۈن “زۇلۇم قىلغۇچى ئىشغالىيەتچى كاپىرلار” غا قارشى ئىسلام جىهادى ئېلىپ بېرىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ؟

## تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش

دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تاسادىپىي يۈز بەرمەيدۇ بەلكى ئۇنىڭ ئېنىق ۋە يوشۇرۇن كېلىپ چىقىش سەۋەبى ھەم مۇئەييەن ئۆتمۈشى بولىدۇ. دېمەك بۈگۈنكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ دۇنيا ئۇچۇر تورىدىن پايدىلىنىپ، ئەقىلفون ئارقىلىق قايتىدىن ئىسلاملىشىشى يەنى ئىسلام تەربىيەسىگە ئېرىش پۇرسەتلىرىنى ئىزدەپ تېپىشى نورمال بىر ئىش ئەمما سىياسىي ئىسلام ياكى ئىسلام ئاشقۇنلۇق تەشۋىقاتلىرىنى ئېلىپ بېرىش تەبىئىيكى سەۋەبسىز پەيدا بولغان ئېقىم ئەمەستۇر. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىز نوقۇل ھالدا دۇنيا ئىسلام رادىكاللىقىغا باغلاپ چۈشىنىشتىن كۆرە ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نەزەر سېلىپ، ئۆتكەنكى يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان بولۇپ ئۆتكەن ئۇيغۇر ئېلىدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەقەلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلساق، ئىشىنىمەنكى بىز قانائەتلىنەرلىك سەۋەب نەتىجىلىك جاۋابلارغا ئېرىشەلەيمىز .

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان 10 ئەسىردىن بۇيان ئىسلام دىنى ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەسىگە تىزدىن سىڭىپ كىرگەن ۋە مۇكەممەل ئومۇملۇققا ئىگە بولغان بىر دىنىي ئېتىقادقا ئايلانغان. تارىختىن بۇيان ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بىر ئالاھىدىلىكى دۇنيادىكى باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىگە ئوخشاش ھاكىمىيەت بىلەن دىنىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ۋە دىنىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈم تۈسىنى ئېلىشى بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلگەنلىكىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ رولى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھايات قاتلاملىرىدىلا ئىپادىلىنىپلا قالماستىن بەلكى نېگىزلىك بولغان مائارىپ، سىياسىي ۋە دۆلەتچىلىك ساھەسىدىمۇ ئۆز رولىنى كۆرسىتىپ كەلگەن ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دۆلەتلىرىدىن قارخانىلار خانلىقى ۋە كېيىن قۇرۇلغان يەكەن سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقى، يېقىنقى زاماندا قۇرۇلغان ياقۇپ بەگ "يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى" دۆلىتى ۋە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قەشقەردە 1933- يىلى 12- نويابىر قۇرۇلغان "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى" قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش، باشقۇرۇلۇش تۈزۈمى ۋە سىياسىي ھاياتلىرى بۇ بايانلىرىمىزنى دەلىللەيدۇ.[4] دېمەك ئۇيغۇرلار يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيان "شەرقىي تۈركىستان" دەپ ئاتاپ كەلگەن بۇ كەڭ زېمىندا ئىسلامىي شەرىئەت تۈزۈمى تاكى 1949- يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان خىتاي كوممۇنىست دۆلىتى تەرىپىدىن رەسمىي ئىشغال قىلىنىپ باشقۇرۇلغانغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئىدى .

[4] "شىنجاڭ جەمئىيىتىدە 1880- يىلىدىن 1949- يىلىغىچە بولغان مەسىلىلەر: ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تارىخىي جەمئىيەتشۇناسلىق"- Community Matters in Xinjiang, 1880-1949: Towards a Historical Anthropology of the Uyghur. Kitap aptori: ldikó Bellér-Hann. ISBN-10: 9004166750. BRILL, 2008. http://www.amazon.co.uk/Community-Matters-Xinjiang-1880-Anthropology/dp/9004166750/ref=sr_1_5?s=books&ie=UTF8&qid=1409848237&sr=1-5

ئەمما 1950 ـ يىلىدىن تاكى 1980 ـ يىللارغىچە يېڭى قۇرۇلغان خىتاي كوممۇنىست دۆلىتى ئۆز هاكىمىيىتىنى مۇستەهكەملەش مەقسىتىدە تۈرلۈك سىياسىي كۆرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ،




هەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ نورمال دىنىي ئېتىقاد پائالىيەتلىرىگە "ئۇچ كونۇلۇق"، "فېئودالىزم ئىدىيىسى"، "يەرلىك مىللەتچى"، "پومېشچىك"، "ئوڭچى"، "سولچى" دېگەندەك تۈرلۈك ـ

تۈمەن سىياسىي ۋە پرولېتارىيات سىياسىي قالپاقلىرىنى كىيدۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ۋە تەشكىلىي جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى يىللىرىدا بولسا بۇ قىلمىشلارنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ، دەرىجىسى چەكتىن ئېشىپ مەسچىتلەرنى چېقىش، قۇرئان ۋە دىنىي كىتابلارنى كۆيدۈرۈشكە بېرىپ يەتتى.[5]

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمدەك، ئۇيغۇر ۋەتىنىدە ئۇيغۇرلار 1980 ـ يىللىرىغا قەدەر ئۆزلىرىنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا، نورمال ئىسلام دىنىي ئېتىقاد ۋە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىنىڭ قاتتىق چەكلىنىشى نەتىجىسىدە 1960 ۋە 1970 ـ يىللىرىدىن كېيىن تۇغۇلغان كوپ ساندىكى ئۇيغۇر ئەۋلادلىرى تولۇق ئىسلام تەربىيىسىگە ئېرىشىش، ئىسلام دىنىنى تولۇق چۈشىنىشتىن يەنى ئۇيغۇر ئىسلام مەدرىسى مائارىپىدىن مەھرۇم هالدا چوڭ بولدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرلىشىشى، ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تەختكە چىققان خىتاي دۆلىتىنىڭ رەئىسى خۇ ياۋباڭ يىللىرىدا شەكىللەنگەن نىسپىي سىياسىي كەڭچىلىك ۋە خىتاي مەركىزى هۆكۈمىتىنىڭ سانى ئاز بولغان ئۇيغۇر، تىبەت ۋە موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر رايونلىرى ئۇچۇن يولغا قويغان بىر قەدەر مودېتىل مىللىي سىياسىتى ئىسلام مائارىپ تەربىيىسىدىن مەھرۇم چوڭ بولغان ئۇيغۇر ياشلىرى ئۇچۇن ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى بىلىش، مىللىي، دىنىي ئاڭ ۋە تۇيغۇلىرىنى تىكلىشىدە كەمدىن كەم پۇرسەتلەرنى هازىرلىغان ئىدى .

تارىختىن بۇيان ئىسلامىي ئەقىدە بىلەن دۆلەتچىلىك ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئىگىگە ئۇيغۇرلار گەرچە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 1949 ـ يىلى ئۆز مۇستەقىل دۆلىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن مەھرۇم قالغان بولسىمۇ ئەمما مۇستەقىللىق ۋە ئىسلام دىنى ئېڭىدىن، مىللىي غۇرۇر، تۇيغۇ ھەم روھلىرىدىن مەھرۇم قالمىدى ئەكسىچە ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد

---

[5] S. Frederick Starr ـ "شىنجاڭ: خىتاينىڭ مۇسۇلمان چېگرا رايونى"
M. E. Sharpe نەشرىياتى تەرپىدىن 2004 ـ يىلە نەشر قىلىنغان. ISBN ـ 10: 0765613182
http://www.amazon.co.uk/Xinjiang_Borderland_Studies_Central_Caucasus/dp/0765613182

ياشلارنىڭ ئائىلىۋى تەربىيە ئاساسىدىكى مىللىي، دىنىي تەربىيەسى، كىملىك غۇرۇرى كۈچىيىپ كەلدى. ئۇيغۇر ياشلىرىدىكى بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىكى بۇ خىل مىللىي ئويغىنىش 1980 ـ يىللىرىدىن كېيىن تېخىمۇ روشەنلەشتى ۋە ئۆز كۈچىنى نامايەن قىلدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئەلۋەتتە شۇ يىللاردا ئۇيغۇر ۋەتىنىدە يۈز بېرىۋاتقان ۋە ھەممە ئادەمنى تەشۋىشلەندۈرىدىغان توختاۋسىز ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئاتوم بومبا سىنىقى، ئاتالمىش پىلانلىق تۇغۇت سىياستى، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ تەقدىرى، سانى كۈندىن ـ كۈنگە، يىلدىن يىلغا ئېشىپ بېرىۋاتقان خىتاي خەن كۆچمەنلەر مەسىلىلىرى ئىدى. مانا بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر ۋەتىنىدە تۇنجى قېتىم خىتاي ھاكىمىيەتنىڭ سىياسەتلىرىگە قارشى 1985 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە "شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى" قاتارلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان "12 ـ دېكابىر ئوقۇغۇچىلار نارازىلىق ھەرىكىتى" يۈز بەردى. ئۇنداقتا 1985 ـ يىلى ئىسلام دىنى ئېتىقادى ۋە شەكىلدىن مۇستەسنا ھالدا ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى مەۋقەسىدە تىنچلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان "12 ـ دېكابىر ئوقۇغۇچىلار نارازىلىق ھەرىكىتى" بولۇپ ئارىدىن 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتىغا نەزەر سالساق ئارىدىكى ناھايىتى زور پەرق، بۇرۇلۇش ۋە ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.[6]

1989 ـ يىلىدىكى تيەنئەنمېن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ قانلىق باستۇرۇلۇشى بىلەن خىتاي مەركىزى ۋە ئۇيغۇر ئېلىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلىرى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى تۈرلۈك شەكىلدە داۋام قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش نارازىلىق ھەرىكەتلىرىنى مەسىلىنى تۈپ مەنبەسىدىن ھەل قىلىشتىن كۆرە

[6] "12 ـ دېكابىر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى سەۋەبىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بىر ئۇيغۇر ياشنىڭ كەچۈرمىشلىرى"، ئاپتورى: روزىنىسا، 2013 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى ۋە ئۇيغۇربىز تور بېكەتلىرىنىڭ تور سەھىپىسىدە نەشر قىلىنغان. http://uyghurensemble.co.uk/uy/?page_id=1803 . http://www.uighurbiz.net/uy/archives/1653

دۆلەت زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ قولغا ئېلىش، تۈرمىگە قاماش قاتارلىق باستۇرۇشلار ئۇسۇللىرى بىلەن ئاياغلاشتۇردى .

## سەۋەب نەتىجىلىك مۇناسىۋەتلەر:
## 1990- يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار باشقىچە يول تاللاشقا مەجبۇرلاندى

دېمەك 1990-يىللاردىن باشلاپ دەپسەندە قىلىنغان ھەق - ھوقوقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن تىنچلىق ئۇسۇللىرى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۆز نارازىلىقلىرىنى ئىپادىلەش يوللىرى پۈتۈنلەي ئېتىۋېتىلگەن ئۇيغۇرلار باشقىچە يول تاللاشقا مەجبۇر قىلىندى. 1990-يىلى 5- ئاپرېل ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا زەيدۇن يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى قوراللىق قوزغىلىڭى بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ يېڭى بىر سەھىپىسىنى ئاچتى. بۇ قانلىق ۋەقە يۈز بەرگەندىن باشلاپ ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ نۇرغۇنلىغان ناھىيە ۋە شەھەرلىرىدە يۈز بەرگەن نارازىلىق ۋە زوراۋانلىق ئۇسۇللىرى بىلەن قارشىلىق بىلدۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى؛ 1997- يىلى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ غۇلجا ياشلىرىنىڭ "مەشرەپ" ھەرىكىتىنى چەكلىشى سەۋەبىدىن يۈزبەرگەن تىنچلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ ئاخىردا نامايىشچىلار خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئوققا تۇتۇلۇپ، قانلىق باستۇرۇلغان پاجىئەلەرنى ۋە 2009- يىلى يۈز بەرگەن "5- ئىيۇل قانلىق ۋەقەسى" قاتارلىق تراگېدىيىلىك ۋەقەلەرنى كۆرستەلەيمىز. [7]

[7] "نەزىرگە تەكلىپ: ئۇيغۇر ئىنتېرنېت تورىغا نەزەر" - ئاپتورى: رەيچېل ھاررىس ۋە ئەزىز ئەيسا. 2011- يىلى 1- سېنتەبىر كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى ئىچكى ئاسىيا تەتقىقات ژۇرنىلىنىڭ 13 توپلام، 1-سانىدا نەشر قىلىنغان. 27-49 بەتلەر. DOI: 10.1163/000000011797372832, ISSN: 1464-8172, E-ISSN: 2210-5018.
('Invitation to a Mourning Ceremony': Perspectives on the Uyghur Internet, by Rache Harris & Aziz Isa. Source: Inner Asia, Volume 13, Issue 1, pages 27 - 49, DOI 10.1163/000000011797372832,

ئۈنداقتا ئۇيغۇر ۋەتىنىدە توختىماي يۈز بېرىۋاتقان بولۇپمۇ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان سان، كۆلەم ۋە قوللىنىلغان ۋاستە جەھەتتىن شىددەتلەشكەن بۇ زەنجىرسىمان قانلىق ۋەقەلەرنىڭ ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ ھەتتا خىتاي ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگىچە كېڭىيىپ يۈز بېرىشىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرى نېمە؟

يېقىنقى يىللاردىكى قانلىق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبلىرى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ تارىخىي، مىللىي ۋە كوپ قاتلاملىق، يەرلىك ۋە خىتاي دۆلەت ئىچى ھەم خەلقئارا سىياسىي مۇھىتلار قاتارلىق تۈرلۈك ئامىللار بىلەن باغلىنىشلىقدۇر. مەن ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان تېمىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، رايوندىكى قانلىق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكى ئىككى ئومۇمىي نۇقتىغا يىغىنچاقلايمەن.

**بىرىنچى :**

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئەڭ بالدۇر شەھەر مەدەنىيىتىگە كۆچكەن، ئۆزىگە خاس تىل-يېزىق ۋە مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان خەلق. ئۇيغۇرلارنىڭ مانا بۇ مەدەنىيەتلەرنى يارىتالىشى، راۋاجلاندۇرۇشى ۋە بۈگۈنكى كۈنگە ئېلىپ كېلەلىشىدە ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ تۆھپىسىدۇر. ئۆتكەنكى 65 يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ مۇستەققىل دۆلەتچىلىكىدىن مەھرۇم ياشىغان ئۇيغۇرلار ھاكىمىيەت تەرىپىدىن نۇرغۇن نەرسىلىرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلاندى. ئۇيغۇرلار ھەر نەرسىدىن ۋاز كەچتى ئەمما ئۇيغۇرنى ئۇيغۇر قىلىپ كەلگەن ئۈچلا نەرسىسىدىن ۋاز كەچمىدى ۋە ۋاز كېچىشنى قەتئىي رەت قىلىپ كەلدى. ئۇ بولسىمۇ ئۇيغۇر ئىسلام دىنىي ئېتىقادى، ئۇيغۇر تىلى ۋە مائارىپىدۇر. دېمەك يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ شىددەت بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان تۈرلۈك زوراۋانلىق تۈسىنى ئالغان قارشىلىق ھەرىكەتلىرى

E-ISSN: 2210-5018. 1 September 2011, Published by Inner Asia Studies of Cambridge University.
http://booksandjournals.brillonline.com/content/journals/10.1163/000000011797372832

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ ئۈچ مۇقەددەس ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان قۇتراتقۇلۇق خاراكتېرىدىكى باستۇرۇشلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۆز ھوقۇقلىرىنى قوغداش قارشىلىق ھەرىكىتى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ۋە چىقىۋاتقان ھەرىكەتلەر دەپ تەدبىر بەرسەك خاتا بولمايدۇ .

**ئىككىنچى :**

ھازىرغا قەدەر خىتاي ۋە چەتئەل تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا بۇ تىپتىكى زوراۋانلىق تۈسنى ئالغان قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ۋەتىنىدىكى ھەر دەرىجىلىك قانۇنى ئىجرا قىلىش كۈچلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نورمال ئىسلام دىنىي ئېتىقادىغا بولغان قاتتىق چەكلىمىسى ۋە نورماللىقتىن ئېشىپ كەتكەن، قۇتراتقۇلۇق قىلمىشلىرىنىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى بىلىمىز. ئۆتكەنكى ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر ۋەتىنىدە يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەرنىڭ 60% دىن كۆپرەكى ئۇيغۇر دىنىي ئېتىقادى مەسىلىسىگە تەۋە بولۇپ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ ئىسلامى يۈسۈندىكى كىيىم، كېچىكى، بېشىغا ئارتقان ھىجاپ ياكى رومالىنىڭ ساقچىلار تەرىپىدىن قوپاللىق بىلەن زورلۇق كۈچ ئىشلىتىلىپ ئېلىۋېتىشكە ئۇرۇنغانلىقىدەك ياكى ئەرلەرنىڭ ساقال-بۇرۇت قويۇشىنى چەكلەش قاتارلىق قىلمىشلار بۇ خىلدىكى قانلىق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىدە تۈپ سەۋەبلىك رولىنى ئويناپ كەلگەن.

مەسىلەن: ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ 2013- يىلى 4- ئاينىڭ 23- كۈنى مارالبېشىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىدا يۈز بەرگەن 21 ئادەمنىڭ ھاياتىغا زامىن بولغان قانلىق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبى بولسا ئاھالە كومىتېت خىزمەتچىلىرى بىلەن ساقچىلارنىڭ بىرلىكتە ئۆي ئاختۇرۇشى داۋامىدا بىر ئائىلىدىكى ياشانغان ئايالنىڭ يۈزىدىكى پەرەنجىنى مەجبۇرى ئېچىۋېتىلگەنلىكى سەۋەب بولغان.[8]



بۇ خىلدىكى ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ كىيىمى، بولۇپمۇ بېشىغا ئارتقان ھىجاپ ياكى رومالىنىڭ ساقچىلار تەرىپىدىن قوپاللىق بىلەن زورلۇق كۈچ ئىشلىتىلىپ مەجبۇرى ئېلىۋېتىشكە ئۇرىنىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان قانلىق ۋەقەلەر ئۆتكەنكى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلىرىدە ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك يۈز بەرگەن.[9]

---

[8] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ 2013-04-24 كۈنىدىكى خەۋىرىگە قارالسۇن: http://www.rfa.org/uyghur/xewerler/qanun/maralbeshi_weqesi_04242013212500.htm

[9] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى خەۋەرلىرىگە قارالسۇن: 2014- يىلى 20- ماي كۈچار ناھىيىسىنىڭ ئالاقاغا بازىرىدا ياغلىق چەككەن قىز - ئاياللارنى بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھويلىسىغا سولاپ قويغانلىقى سەۋەبتىن يۈز بەرگەن، خىتاي ساقچىلىرى ئاياللارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان نامايىشچىلارغا ئوق ئېتىپ 2 ئادەمنى ئۆلتۈرۈشى، 5 ئادەمنىڭ

ئىنسانلار دۇنياسىدا دىنىي بىلىش ۋە ئېتىقاد ئاساسىدا شەكىللەنگەن ھەرقانداق بىر كۇلتۇر باشقا بىر كۇلتۇردىن ئىلغار ئەمەس ھەم قالاقمۇ ئەمەس، مەسىلە ئوخشاش بىر كۇلتۇرنىڭ تارىخ سەھىپىسىدىن چۈشۈپ قالماي داۋام قىلىشى، ئەگەشكۈچى يەنى قوللانغۇچى ئادەملەر توپىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن رايون خاراكتېرلىك ئومۇملۇققا ئىگە بىر كۇلتۇرگە ئايلىنىشىدۇر. كوپ سانلىققا ئىگە كۇلتۇر، جۈملىدىن مەدەنىيەت ۋە ئېتىقاد توپىدىكىلەرنىڭ ئۆزلىرى مونوپول قىلغان ھاكىمىيەت ۋاستىسىغا تايىنىپ مىللەتچىلىك ۋە ئىرقىي ئايرىش، كەمسىتىش بىلەن ئۆز مىللىي مەنپەئىتى بەدىلىگە سانى ئاز خەلقلەرنىڭ ئۆز كىملىك، مەدەنىيەت ۋە ئېتىقادى بىلەن ياشاش ھەق ـ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ھەققى يوقتۇر .

بىر خەلقنىڭ قانداق دىنىي ئېتىقادقا ئىشىنىشى، كىيىنىشى ۋە قانداق ياشاش ھوقۇقى بۈگۈنكى مەدەنىيەتلىك دۇنيادا ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ئەڭ ئومۇملۇققا ئىگە ، ئەڭ ئاددىي ۋە ئەڭ ئەقەللىي بولغان تەبىئىي ئىنسانلىق ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ ھوقۇقلار بىر دۆلەت ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىدى دېمەك بۇ ئەڭ ئاددىي بىر ئىنسانلىق سۈپىتى بويىچە ياشاش ھوقۇقى دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىدى دېمەكتۇر.


ئۇنداقتا ئەڭ ئاددىي ياشاش ھوقۇقىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولمىغان، تىنچلىق بىلەن ئۆز نارازىلىقىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە بىلدۈرىشىنىڭ يوللىرى پۈتۈنلەي ئېتىۋېتىلگەن ئۇيغۇرلار قانداق قىلىشى كېرەك؟  ياكى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى چەكلەنسە، ئۆز ئانا تىل مائارىپى چەكلەنسە، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى قوپاللىق بۇزۇۋېتىلسە، ئۇيغۇرلار بۇ خىلدىكى دۆلەت

---

يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان "ئالاقاغا ۋەقەسى ـ "http://www.rfa.org/uyghur/xewerler/kishilik_hoquq/yaghliq_cheklesh_05202014155051.html

2014ـ يىلى 28ـ ماي كۈنى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ قارا تاش كەنتىدە ساقچىلارنىڭ بىر ئائىلىدە ياغلىق چەككەن ئايالنى تەكشۈرۈش داۋامىدا ساقچىلار بىلەن ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش كېلىپ چىقىپ بىر ئادەمنىڭ ساقچىلار تەرىپىدىن ئېتىۋەتىلگەنلىكىدەك قانلىق ۋەقە
http://www.rfa.org/uyghur/xewerler/kishilik_hoquq/serenge_yaghliq_06042014232731.html/story_main?encoding=arabic

ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەكمۇ ياكى قولىدىن كەلگەن ھەر قانداق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ قارشىلىق بىلدۈرۈشى كېرەكمۇ؟ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تاللىشى زادى نەدە؟ دېمەك خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ياشلىرىنى مانا مۇشۇنداق قاتتىق بىر تاللاشلارنى تاللاشقا ئۆزلىرى مەجبۇر قىلغان.




يۇقۇردا بايان قىلغىنىمدەك خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رايونىدا يۈرگۈزۈۋاتقان تەڭسىز ۋە ئادالەتسىز زۇلۇم سىياسىي تۈزۈملىرىگە يىللاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىدىكى ئېغىر ئىشسىزلىق مەسىللىرى قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۈملىدىن ياشلارنىڭ رايونىدا يۈرگۈزۈلىۋاتقان سىياسەتكە قارىتا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۇسۇلى ۋە شەكلىدە يېڭى بىر يۆلىنىشنى ياسىغانلىقىنى يەنى ئىسلام دىنىي ئېتىقادىنى يېتەكچى قوزغاتقۇچ كۈچ قىلىپ زورلۇق كۈچلىرىنى قوللىنىپ قارشىلىق بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تارتىۋېلىنغان ھوقوقلىرىنى ھىمايە قىلىشقا ئۇرۇنۇشتەك جىددىي بىر ۋەزىيەت بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئېلىدە يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيان ئۇرۇمچى، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ تولۇق يۈزىنى يېپىپ، ئوتتۇرا شەرىق "ئەرەپ ئوسلۇبى" دىكى بېشىنىڭ چوقىسىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە قارا رەڭلىك ھىجاپ كىيىش قىزغىنلىقىمۇ تېز ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان.[10]

---

[10] "ئىنتېرنېتتىكى سۆز-چۆچەكلەر ۋە ئۆزگۈرۋاتقان ئۇيغۇر دىنىي ئېتىقادى: يىلان ئايال دىلوسى ھەققىدە"




*(بۇ رەسىم 2011 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۈرۈمچى يەنئەن كوچا ئاپتوبۇس بېكىتىدە تارتىلغان)*

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىي ئېتىقاد يولى توغرىسىدا ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق ئەپەندى بۇ ھەقتە نۇرغۇن ماقالىلەر يېزىپ باغداش ۋە مىسرانىم قاتارلىق نوپۇزلۇق ئۇيغۇر توربېكەتلىرىدە ئېلان قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ 2014 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يازغان ۋە باغداش توردا ئېلان قىلغان "سۈننى ئىسلامدىكى ۋاھابى ۋە سەلەفى

---

Internet rumours and the changing Uyghur religious soundscape: the case of the Snake‗Monkey Woman ‗by Dr Rachel Harris, SOAS, University of London, March 3, 2014. http://www.soundislamchina.org/?p=394

ھەرىكەتلىرى" ناملىق ماقالىسىدا ئۇيغۇر ئېلىدىكى دىنىي مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ:

*"يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئىشلىرىدا بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، بىر قىسىم يېڭى ھادىسىلەر ۋۇجۇدقا كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىر قىسمى ئادەمنى ناھايىتى خۇشال قىلىدۇ، يەنە بىر قىسمى بولسا ئادەمنى ناھايىتى ئەنسىرىتىدۇ. مەن ئالدىنقى ماقالەمدە بەزى ۋاھابى يۈزلىنىشىگە تەۋە نەرسىلەرنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدا باش كۆتۈرۈپ قېلىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق چۆچۈگەنلىكىمنى ۋە ناھايىتى ئەنسىرىگەنلىكىمنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈم. ئۇيغۇر دىيارىدا يۈز بېرىۋاتقان بەزى ئىشلار ئادەمنى ھەقىقەتەنمۇ ئېچىندۇرىدۇ..."*[11]

بۇخىلدىكى ئۆزگۈرۈشلەرگە قارىتا غەربپ ئۇيغۇرشۇناسلىرىنىڭ قاراشلىرى كۆپ خىللىققا ئىگە بولۇپ، رايوندا يۈز بېرىۋاتقان زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قاتتىق چەكلەشى سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ پاسسىپ ھالدىكى ئومۇمىي يۈزلۈك قارشىلىق ھەركىتى دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قىسىملىرى بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقان ئۆز ئىنسان ھەقلىرىنى تەلەپ قىلىش نارازلىق ھەركەتلىرىدىن ئىسلام رادىكاللىرىنىڭ پايدىلىنىپ كېتىشى نەتىنجىسىدە ئۇيغۇر ئېلىگە ئوتتۇرا شەرىق ئۇسۇلۇبىدىكى ئىسلام رادىكال ئېقىمىنىڭ سىڭىپ كىرىشكە باشلىشانلىغىنى ئىلگىرى سۈردۇ.[12]

---

[11] "سۈننى ئىسلامدىكى ۋاھابى ۋە سەلەفى ھەرىكەتلىرى"- ئەركىن سىدىق، 2014-يىلى 3-ئاينىڭ 27-كۈنى. http://www.meripet.com/Sohbet1/20140327_wahabi.htm ؛www.meripet.com/PDF/20140327_wahabi.pdf www.bbs.bagdax.cn/thread-24031-1-1.html

[12] "شىنجاڭدىكى رومال قىزغىنلىقى ئۇيغۇرلار كونسېرۋاتىپ ئىسلامغا كۆچكەنلىكىنىڭ سىگنالىنى بەرمەكتە" (In Xinjiang, Veils Signal Conservative Shift Among Uighurs)، Griffith ئاسيا ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتورى Michael Clarke مۇنداق دەيدۇ: "بۇ يەردىكى يېڭىلىق ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەكلەش تەدبىرلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىدۇر. بۇ يەردىكى كىشىنى ئەنسىرىتىدىغان ئەھۋال شۇكى ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىلدىكى قاتتىق باستۇرۇش ۋە چەكلەش ھەرىكەتلىرى ئۇيغۇرلاردا تېخىمۇ قاتتىق ئىسلام رادىكاللىقىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن -

ئۇنداقتا ئۇيغۇر ۋەتىنىدىكى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى زورلۇق كۈچ شەكلىدىكى قانلىق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىدە خىتاي ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ دۇنياغا تەرغىب قىلىپ كېلىۋاتقىنىدەك ئىنتېرنېت تورىنىڭ، ئاتالمىش “خەلقئارا ئىسلام جىھاد” تەرغىباتىنىڭ ۋە يېڭى تور ئالاقىلىشىش ۋاسىتىسى بولغان ئىجتىمائىي ئالاقە تورى ئۈندىدارنىڭ راستىنلا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۆز نارازىلىقىنى ئىپادىلەشتە ئىسلامىي رادىكاللىشىش يولىغا يۈزلىنىشىگە سەۋەب بولدىمۇ؟ بۇ قانلىق توقۇنۇشلارنىڭ يۈز بېرىشىدە ئەقىلفون ئىنتېرنېت تورى ئۈندىدار زادى قانداق رول ئوينىدى؟ قېنى ئۇنداقتا ئۈندىداردا بولۇنغان ھېكايىلەرگە قاراپ باقايلى .

## ئۈندىداردىكى ھېكايىلەر

مەن 2013- يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ ئۈندىدارنى قوللىنىشقا باشلىدىم. مەن بۇ ئالاقە ۋاسىتىسى ئارقىلىق ۋەتەندە بولۇۋاتقان ۋەقەلىكلەرنى ۋاقىت-سائىتىدە بىلىپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. مەن ئۈندىدارغا كىرىپ بىر ئاي بولمايلا بىر قانچە توپلارغا دوستلىرىمنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن قوشۇلدۇم ۋە شۇ ئارقىلىق دوستلىرىمنىڭ سانىنى كۆپەيتتىم. دوستلىرىم سانى ئاز-كەم 200 ئەتراپىدا بولدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يوكۇ ( 优酷)، تۇدو (土豆) ، تور بلوگلىرى ۋە Facebook قاتارلىق مېدىيا تاراتقۇلىرى ئارقىلىق ئىسلام تەرغىباتى بولۇپمۇ جىھاد قىلىش تەرغىباتى توغرىسىدا تارقىلىۋاتقان يازمىلار، رەسىملەر، ئۈن ۋە سىن مەنبەلىرى دىققىتىمنى تارتىشقا باشلىدى.

---


http://online.wsj.com/articles/in-xinjiang-veils-signal-conservative-shift-among-uighurs-1406830554

دەسلىپىدە ناھايىتى غەيرىي تۇيۇلغان بۇ مەنبەلەر مەندە كېيىن يەنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئوخشاش بولمىغان مائارىپ تەربىيىسىگە، كەسپىكە ئىگە ۋە ئوخشىمىغان ياشتىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ روھى ھالىتىنى كۆزىتىش ۋە بىلىش ئىستىكى قوزغالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتىنى چۈشىنىش ۋە بۇ ھەقتە بىر تەتقىقات تېمىسى ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە ماڭا ئۇچۇرغان بۇ تۈردىكى مەنبەلەرنى يىغىشقا، كۆزىتىشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا باشلىدىم .

تۆۋەندە مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ نىگىزى بولغان “ئۇيغۇر ياشلىرى ئەقىلفوندا راستىنلا قايتىدىن ئىسلاملاشتىمۇ؟” دېگەن سوئالغا جاۋاب تېپىش ئىستىكىدە ئۈندىدار دوستلىرىم تىزىملىكىدە باشتىن ئاياق مەن ئەگىشىپ كەلگەن 6 كىشىنىڭ يوللىغان تۈرلۈك شەكىلدىكى مەنبەلىرىنى ۋە بىر دوستلار چەمبىرىكىدىكى مەزمۇنلارنى سىلەر بىلەن ئورتاقلىشىش ئارقىلىق بۇ ھەقتە بىرلىكتە پىكىر يۈرگۈزىمەن. مېنىڭ ئۈندىدار دوستلىرىمنىڭ شەخسىيتى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى لاتىن ھەرىپ تەرتىپى بويىچە “A” ھەرپىدىن باشلاپ “F” ھەرپىگىچە ئاتايمەن .

**A**: ئەر، 20 ياشلار ئەتراپىدا، خىتايچە مەكتەپتە ئوقۇغان. ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە. ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق مەلۇم ناھىيىنىڭ بىر يېزىسىدىن. ھازىر قۇرۇلۇش ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۈندىداردار كۆپىنچە ھاللاردا خىتايچە ۋە ئۇيغۇرچە مەنبەلەرنى يوللايدۇ.

“A” مەن كۆزەتكەن ئۈندىدار دوستلار تىزىملىكىمدىكىلەر ئىچىدە يېشى ئەڭ كىچىك، جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنى ئەڭ تۆۋەن ئەمما ئىسلام رادىكاللىق ياكى ئىسلام جىھادىنى تەشەببۇس قىلغان مەزمۇندىكى تېمىلارنى ئەڭ كۆپ يوللىغانلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ .


iPad 18:00 33%
XXXX
Details
XXXX
XXXX
دۇئا-ساقلىغۇلۇق
12 March 01:54


iPad 20:51 90%
Back
6 February 13:49
www.33591.com


iPad 18:13 30%
Back
4 March 10:36
ئەركىنلىكنىڭ ئالدىدىكى توساقلار بەزىدە
جىسمانى ئەمەس، ئىدىيەدە بولىدۇ


iPad 20:53 90%
Back
18 October 2013 03:43


ئالىملار تىلسىز
تالىپلار ماكانسىز
قانۇنلار ئادىلسىز
جەمىيەت ئىمانسىز
قىز ئوغۇللار هاياسىز
ۋەھالەنكى :
بىزلەر بۇنداق ئىشلارغا پەرۋاسىز
ئۇيغۇر
DaRT____εGiR √



iPad 21:03 88%
Back
9 May 2013 13:02
Cancel
Comment

**B**: ئەر، 25 ياشلار ئەتراپىدا، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق مەلۇم ناھىيىدىن. بىر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئالىي مائارىپ تەربىيىسىگە ئىگە. ئۇ بىر يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا كۆندە دېگۈدەك ئىسلامى مەزمۇندىكى يازمىلارنى ئۆزنىڭ ئۈندىدار بېتىدە ۋە توپلارغا يوللاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يوللانمىلىرى ئىچىدە نورمال ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام ئاشقۇنلۇقىغا ئائىت مەزمۇنلاردىن سىرت قانداق تەقۋادار بىر مۆمىن مۇسۇلمان ئەر ۋە ئايال بولۇش توغرىسىدىكى ۋەزى-نەسىھەتلىك يازمىلارنى كوپ ئۇچۇرتۇپ تۇراتتىم. ئەمما مەن بۇ يىل ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ ئۈندىدار بېتىنى كۆرۈپ بۇ خىلدىكى مەزمۇنلارنىڭ پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى ۋە تۆۋەندىكى بىر پارچە ئېلاننى 2014- يىلى 8- ئاينىڭ 6- كۈنى چاپلاپ قويغانلىقىنى كۆردۈم.







**C**: ئەر، 30 ياشلار ئەتراپىدا، ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە. ھازىر ئۈرۈمچىدە تاشقى سودا تىجارىتى قىلىدۇ. ئەسلى يۇرتى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەلۇم بىر ناھىيىسىدىن. كەسپىدە نەتىجە قازانغان. "C" ئۈندىدارنى ئاكتىپ قوللانغۇچى بولۇپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك سىياسىي ئىسلام، ئىسلام ئاشقۇنلۇقى ۋە ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىغا تەقۋادار مۇسۇلمان قىز ۋە ئايال بولۇش تېمىسىدىكى ۋەز-نەسىھەتلىك مەزمۇنلارنى ھەم خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلىرىنى تەنقىدلەش ياكى مەسخىرە قىلىش مەزمۇنىدىكى يازمىلارنى يوللاپ تۇرىدۇ.







"C" نىڭ سىياسىي ئېڭى، دىنىي كۆز قارىشى كۈچلۈك، ئۇ يوللانمىلىرى ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىگە بولۇپمۇ ساقچىلارنىڭ ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ ياغلىق ۋە ھىجاپلىرىنى مەجبۇرى ئېلىۋېتىش قاتارلىق ھەرىكەتلىرىگە ئۆزىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىق مەيدانىنى روشەن ئىپادىلەيدۇ.

**D**: ئايال، 35 ياشلار ئەتراپىدا، چەتئەلدە ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتقان. مائارىپ سەۋىيىسى ماگىستىر. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى نوپۇزلۇق بىر ئورنىدا تەتقىقاتچى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. بۇ خانىم مەن كۆزەتكەن ئۈندىدار دوستلار تىزىملىكىمدىكىلەر ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە ۋە ئەڭ نوپۇزلۇق ئورۇندا خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ خانىم ئۈندىدارنى ئاكتىپ قوللىنىدۇ. ئۇ ئادەتتە ئۇيغۇر ئەرەبچە ۋە ئۈلچەملىك ئۇيغۇر لاتىن يېزىقلىرىدا، ئىنگلىز ختاي، رۇس يېزىقلىرىدا ئۇنىۋېرسال ۋە خەلقئارالىق مەزمۇندىكى يوللانمىلارنى يوللاپ تۇرىدۇ. بۇ خانىمنىڭ 2014- يىلى 7-ئاينىڭ 24- كۈنى بىر كۈندە يوللىغان يوللانمىلىرىغا قاراپ چىقايلى:

## يول قانچە قاراڭغۇ بولسا نۇر شۇنچە كۆچلۈك بولىدۇ




"D" 22ـ ماي ئۈرۈمچى ئەتىگەنلىك بازار بومبا ھۇجۇمى يۈز بېرىپ ئـانچە ئـۇزاق ئـۆتمەي دوستلار چەمبىرىكىدە مۇندا دەپ سوز قالدۇرىدۇ:

*"مەن ئىدارىــدە پەقەت بىــرلا ئۇيغــۇر، بــۇ ۋەقە يــۈز بەرگەنــدىن كىــيىن مەن ھەر كــۈنى ئەتىگەندە ئىشقا كەلسەم ئۇلار ماڭا ئوغرىدەك يەر ئاستىدىن قارايدۇ. ھەممىسىنىڭ قاپاقلىرى ماڭا تۈرۈك..... مەن ئۇلارغا ھەيرانمەن، ئۇلار قانداقمۇ ئاز ساندىكى ئادەملەرنىڭ قىلغان ئىشى سەۋەبلىك پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى ئەيىبلىسۇن؟!"*

**E**: ئايال، 40 ياشلاردا، قەشقەر شـەھىرىدىن، ئوقۇتقۇچى، ئـالىي مائارىـپ تەربىيىسـىگە ئىگە، ئىككى پەرزەنتىنىڭ ئانىسى. بۇ خـانىم ئۇندىـدارنى ئاكتىـپ قوللانغۇچى بولـۇپ، ئـۇ كۆپىنچە ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقىدا ئەقلىي سۆزلەر، ئۇيغۇر مەدەنىيەت، تـارىخ ۋە ئەدەبىياتىغا ئائىــت مەزمــۇنلارنى يــوللاپ تۇرىــدۇ. "E" نىــڭ يازمىلىرىــدا يەنە قانــداق مۇســۇلمان ئايــال بولۇش، مۇسۇلمان ياللارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى قانداق تەربىيىلىشى، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ سەۋر-تاقەتلىك بولۇشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى يوللىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز .

## ھەقىقى ئېسىل ئايال مۇنداق بولىدۇ!



**F**: ئايال، 50 ياشلار ئەتراپىدا، ئالىي مائارىپ سەۋىيىسىگە ئىگە. ئۈرۈمچىدىن. كەسپىدە ئالاھىدە نەتىجە قازانغان، خەلقئارالىق تىجارەتچى. ئۈندىداردار كۆپىنچە ھالالاردا خىتايچە مەنبەلەرنى يوللايدۇ. بۇ خانىم بىلەن بىر دوستلار چەمبىرىكىدە تونۇشقان. “F” بىر قېتىم مەن بىلەن بولغان ئۈندىدارىدىكى خۇسۇسىي ئاۋازلىق سۆھبەتتە ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن بېشىغا ياغلىق ئارتمايدىغانلىقى ۋە مۇشۇ سەۋەبتىن ئەر دىندار كەسپداشلىرى تەرىپىدىن كەمسىتىلگەنلىكى، ھەتتا تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:



*"مەن بۇرۇن قانداق ياشىغان بولسام هازىرمۇ شۇنداق ياشايمەن. مەن 1980 - ۋە 90 - يىللارنى كۆپ سېغىنىمەن. ئۇ چاغلاردا سىز ياغلىق ئارتامسىز، ئارتمامسىز، ھېچكىمنىڭ كارى يوقتى. مەن هازىر ئىشلەيدىغان شىركەت خوجايىنى ۋە نۇرغۇن خىزمەتداشلىرىم ناهايىتى دىندار. خوجايىنىم مېنىڭدىن بىر قېتىم 'سىز نېمىشقا ياغلىق ئارتمايسىز؟' دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ "ئارتامدىم، ئارتمامدىم، بۇ باش مىنىڭ بېشىم، بۇ باش خالىسا ياغلىق ئارتىدۇ، خالىمىسا ئارتمايدۇ، سىزنىڭ كارىڭىز بولمىسۇن، بۇ شىركەتنىڭ بېشى ئەمەس...." دەپ دەككىسىنى بەردىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بالا ماڭا بۇ توغرىسىدا ئارتۇۇقچە گەپ قىلمايدىغان بولدى... شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى ئىش ئورنۇمدا راهەتسىز هېس قىلىمەن. مەن بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان چوقىسىدىن پۇتىغىچە ئورۇنۇۋالغان ياش چوكانلار ماڭا روماللىرى ئىچىدىن ئوغرىدەك قارايدۇ..."*

## دوستلار چەمبىرىكىدە نېمە گەپلەر بولۇۋاتىدۇ؟

مەن ئۆلندىدارىدىكى دوستلىرىمنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۇيغۇرلار باشقۇرۇشىدىكى بىر دوستلار چەمبىرىكىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن ئىدىم. بۇ دوستلار چەمبىرىكىنى ئامېرىكادا تۇرۇشلۇق بىر ئۇيغۇر خانىم ئاچقان بولۇپ، بۇ توپتىكى 40 كە يېقىن ئەزالارنىڭ تەڭ يېرىمى دېگۈدەك ئاياللار ئىدى. ئەمما بۇ بىر خەلقئارالىق توپ بولۇپ، ئەزالار ئۈرۈمچى، قاراماي، غۇلجا، قۇمۇل، قەشقەر، گۇاڭجۇ، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئامېرىكا، كانادا، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن قاتناشقانلار ئىدى. توپتىكى ئەزالارنىڭ كەسپى ئۇنىۋېرسالللىققا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كەسپىي خادىملارنى، خەلقئارالىق تىجارەتچىلەر، مەمۇرلارنى، ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى.




تويقا يوللانغان دۇنيانىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەر كۈنلۈك ئومۇمىي سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى تۈرلۈك مەزمۇندىكى يازمىلار يوللىناتتى. ئەزالار دىنىي ۋە سىياسىي مەزمۇنلارنىمۇ ۋە بەزىدە BBC، CNN ۋە ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ خەۋەرلىرىنى كېلىش مەنبەسىنى بەرمىگەن ئاساستا يوللاپ تۇراتتى. نورمال ئىسلام دىنىغا ئائىت مەزمۇنلاردىن باشقا ئىسلام ئاشقۇنلۇقى ۋە جىھادقا مۇناسىۋەتلىك يازمىلارنى ئاساسەن كۆرگىلى بولمايتتى بەلكىم ئەزالار ئۆزلۈكىدىن بۇ خىلدىكى مەزمۇنلارنى يوللاشتىن ئېھتىيات قىلغان بولسا كېرەك. بۇ تويىمىز ھەر جۈمە كۈنى ئۇلۇغ جۈمە كۈنىنى تەبرىكلەش بىلەن قىزىپ كېتەتتى. بۇ تويىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى بولسا خىتاي تاراتقۇلىرىدا بېرىلگەن

ئۇيغۇرلار مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنى، ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مائارىپى، تىلى، ئىسلام دىنى قاتارلىق مىللىي كىملىككە مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرنى دائىم ئۇچراتقىلى بولاتتى. بۇ توپتا يەنە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىسلامىي كىيىنىشى، يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئاياللارنىڭ رومال ئارتىشىنى چەكلەشنى مەقسەت قىلىپ تەشكىللىگەن "گۈزەللىك پروجېكتى"، ئەرلەرنىڭ ساقال-بۇرۇتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋەقە ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدىكى مەنبەلەرمۇ يوللىناتتى. گاھىدا يېتىم-يېسىرلارغا، ياردەمچىسى يوق، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئېغىر بىمارلارغا ئىئانە يىغىش ئېلانلىرىمۇ تارقىلىپ تۇراتتى.



# ئۇيغۇر ياشلىرى ئەقىلفون ئارقىلىق قايتىدىن ئىسلاملاشتىمۇ؟

بۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدەشتىن بۇرۇن مەن ئۈندىداردا كۆزەتكەن، مائارىپ سەۋىيىسى ئەڭ تۆۋەن، يېشى ئەڭ كىچىك مەلۇم بىر ناھىيىنىڭ بازىرىدا قورۇلۇش ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەيدىغان “A” ياشنىڭ ئۈندىدار دوستلار چەمبىرىكىگە يوللىغان مەنبەلەرگە دىققىتىمىزنى ئاغدۇرايلى:




## جىن تەبلىغى :

"A" 2013- يىلى ئەتىيازدا “جىن بىلەن سۆھبەت - جىن تەبلىغى” ناملىق بىر ئۈن ھۆججىتىنى يوكۇ تورى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۈندىدار بېتىگە ھەمبەھىر قىلىدۇ. شۇ چاغدا مېنىڭ كۆرگىنىمدە بۇ ئۈن ھۆججىتى 287،478 قېتىمدىن ئارتۇق كۆرۈلۈپ بولغان. بۇ “جىن تەبلىغ” بىر يېزىدىكى تاقىشىپ، تاغدىن-باغدىن ئىسلام دىنى توغرىسىدا سۆزلەيدىغان بىر ئايال باخشىنىڭ بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ياشلىرىغا قىلغان ۋەز-نەسىھەتلەر بولۇپ، بۇ ئۈن ھۆججىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 55 مىنۇت.

“جىن تەبلىغ” ئۈن ھۆججىتىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن ئاڭلاڭ:

http://www.uyghurensemble.co.uk/media/jin_tabliq.mp3

بۇ باخشى ئايال ئاساسلىق ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەنلىكىنى، جىنلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىپ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى، كېيىن ئاڭلىغۇچى ياشلارنىڭ بۇ ئايالدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۆزلىرىنىڭمۇ كۆرۈشۈش ئارزۇلىرىنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇ ئىشقا يول كۆرسىتىپ، ياردەمدە بولۇشىنى سورىغاندا قاتتىق خاپا بولۇپ چېچىلىپ كەتكەنلىكى، ۋە بۇ سوئالنى سورىغانلىقىنىڭ ئۆزىلا قاتتىق گۇناھ بولىدىغانلىقى، ياشلارنىڭ ئۆز گۇناھلىرى ئۈچۈن تەۋبە قىلىشى كېرەكلىكى، ئاياللىرىنىڭ سىرتقا چىقىپ خىزمەت قىلىشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى قاتارلىق ۋەز-نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ .


## جىھاد چاقىرىقى

“بىر قەۋم، بىر مىللەت ئاللاھنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن، ئاللاھ ئۇلارنى تاشلىۋېتىدۇ... ئاللاھ تاشلىۋەتكەن قەۋمنىڭ، ئاللاھ تاشلىۋەتكەن ئائىلىنىڭ يېنىغا شەيتان كېلىدۇ، ئىسراپچىلار كېلىدۇ، تاجاۋۇزچىلار كېلىدۇ، قۇل قىلىدۇ. دۈشمەنلەر كېلىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ.....خىتاي كوممۇنىستلىرىغا ئوخشاش...”

“جىھاد چاقىرىقى” ئۈن ھۆججىتىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن ئاڭلاڭ:

http://www.uyghurensemble.co.uk/media/islam_kuresh_dewet.mp3

## ئانامغا يېزىلغان خەت




بۇ ئۇن ئەسلى بىر قانچە يىللار ئىلگىرى YouTube قانىلىدا "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى" تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن سىن فىلمى شەكلىدە 2009- يىلىدىكى 5-ئىيۇل قانلىق ۋەقەسىنىڭ رەسىملىك كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئافغانىستاندىكى "شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىدلىرى" نىڭ ھەربىي مەشىق كۆرۈنۈشلىرى كىرىشتۈرۈلۈپ كەسىپىي سەۋىيىدە ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇندىدار قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرىدا ئەينەن مۇشۇ سىن فىلىمنىڭ ئاۋازلىق نۇسخىلىرى تارقالغان. بۇ سىن فىلىمنىڭ ئىشلىنىش ئۇسلۇبى، كۆرۈنۈشى ۋە مۇزىكا رىتىمى قاتارلىق تەرەپلىرىدىن تەھلىل قىلساق مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئافغانىستاندا ۋە ئوتتۇرا شەرقتە ئەرەبچە تىللاردا ئىشلەنگەن جىھاد قىلىشنى تەرغىب قىلىدىغان ئۇن - سىن فىلىملىرىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بايقايمىز.

"ئانامغا يېزىلغان خەت" ئۇن ھۆججىتىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن ئاڭلاڭ:

http://www.uyghurensemble.co.uk/media/anamgha_xet.mp3

*"بىراۋ ئېيتسا يۈز يىل ياشارسەن توشقانىدەك،*
*"ئېيتتىم ئەۋزەل بىر كۈن ياشاش يولۋاستەك.*
*چۈشەن ئانا، ئوغلۇڭ ئەمدى بىر مۇجاھىد،*
*بولسۇن مەندە ئالىي ھىممەت ۋە شىجائەت!*

*كېزىپ تاغلار، كۆرىپەم بولسۇن شۇ تاشلاردا،*
*ھايات بولسام ئۆمرۈم ئۆتسۇن بۇ جىھادتا" ...*

يۇقىرىدا "A" ياشنىڭ ئۇندىداردا ھەمبەھىر بولغان مېدىيا مەنبەلىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق ئۆزىمىزدىن شۇنداق سوئاللارنى دەرھال سورايمىز: ئۇيغۇر ياشلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قايتىدىن ئىسلام دىنىنى تېپىۋالدىمۇ؟ قايتىدىن ئىسلاملاشتىمۇ؟ تېخىمۇ ئېنىقاراق قىلساق ئىجتىمائىي تور ۋاستىللىرىدا تارقىلىۋاتقان بۇ تۈردىكى ئاشقۇنلۇق دەۋەتلىرى قايسى خىلدىكى ئىسلامىي مەزھەپكە كىرىدۇ؟ ئۇيغۇر ياشلىرى بوگۈن ئىسلام دىنى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا، پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلىۋاتقان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىنىۋاتامدۇ؟ ياكى ئۇيغۇرلار دىنىنى قوزغاتقۇچ كۈچ قىلىپ قوللۇنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەركىن، مۇستەققىل ياشاش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تاللىغان ۋاستە دەپ چۈشەنسەك بولامدۇ؟ بۇ خىلدىكى تەشۋىقاتلار پەقەت مەۋھۇم تور دۇنياسىدىلا ئەكىس ئېتىۋاتامدۇ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ جانلىق ھاياتىدىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز كۈچىنى نامايەن قىلىۋاتامدۇ؟ بۇ تەبىئىيكى ناھايىتى مۇرەككەپ، ھازىرچە جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان سوئاللاردۇر بىراق شۇنىسى ئېنىقكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ۋە مىللىي ھوقۇقلىرىغا قارىتا قاتتىق تىزگىنلەش، باستۇرۇش سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەۋەبىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ .

ئۇيغۇر جەمىيىتىگە جىددىي خىرىس قىلىۋاتقان بۇگۇنكى خىتاي مەدەنىيەت ئاسسىمىلاتسىيەسىنىڭ تەھدىتىدىن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى قانداق قوغداشى توغرىسىدا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ پىكىرلىرىمۇ ئۆزگىچە. ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىغا سۆھبەت بېرىپ ئۆز قارىشىنى شەرھلىگەن دوكتۇر ئەركىن سىدىق ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: *"ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل"*.[13]

ئىگەللەنگەن ئۇندىدار قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى دەلىللىك مەنبەلەر بىزگە شۇنى كۆرستىدىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تۇردا قايتىدىن ئىسلاملىششى ياكى ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتساق ئۇيغۇر ۋەتىنىدە كەڭ قوللىنىلىدىغان ئۇندىدار قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئاكتىپلىق بىلەن ئىسلام دەۋەتچىلىكى تەرغىباتى ئېلىپ بېرىشىنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ئەۋج ئالغانلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز. بۇ تۈردىكى تەرغىباتلار تاكى 2014- يىلى 22 - ماي ئۈرۈمچى ئەتىگەنلىك بازىرىدا بومبا پارتىلاشقىچە داۋام قىلغان.

[13] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى 2013- يىلى 2-ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى خەۋىرى: دوكتور ئەركىن سىدىق: ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل http://www.rfa.org/uyghur/xewerler/din/uyghur-din-02142013170536.html/story_main?encoding=arabic

دائىرىلەر شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۆندىداردا ئىسلامىي مەزمۇندىكى تېمىلارنى تارقاتقانلارنى تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغاپ غۇلجا، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان شەھەر-يېزىلاردا ئەقىلفون ئىشلەتكۈچىلارنىڭ ئەقىلفونلىرىنى خالىغان ۋاقىتتا تەكشۈرۈش تۈردىكى زەربە بېرىش، باستۇرۇش شامىلىنى قوزغاپ نۇرغۇنلىغان ياشلارنى قولغا ئالغان ۋە ئاممىۋى جازالاش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ كۈچ كۆرسەتكەن[14] .

ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلىشىدىنلا بار بولغان ئەركىن پىكىر قىلىش ھوقوقى خىتاي دۆلەت كۈچى ئارقىلىق قاتتىق چەكلىنىۋاتقان بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئۇچۇر دەۋرىدىكى ئۆز جەمئىيىتىدە يۈزبېرىۋاتقان بۇ خىل سىياسى زوراۋانلىق، ئىرقىي كەمسىتىش قىلمىشلىرىغا قارىتا تور مەۋھۇم دۇنياسىدىكى ئىنكاسىمۇ خاسلىقىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزگىچە "ساتىرىك"، كومېدىيىلىك ۋە بەدىئىي ئوخشۇتۇش تىللىرى بىلەن ئۆندىدار دوستلار چەمبىرىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇ بايانلىرىمىزنىڭ مىسالى سۈپىتىدە بىز ئاۋال تونۇشۇپ ئۆتكەن “C” ئۇرۇمچىلىك ياشنىڭ ئۆندىدار دوستلار چەمبىرىكىدە يوللىغان تۆۋەندىكى "تۇتۇۋالدۇ" ناملىق ساتىرىك چاچما شېئىرىسىنى ئوقۇپ چىقايلى:

---

[14] شىنجاڭدىكى ئاما ناھايىتى كەم ئېلىپ بېرىلىدىغان چوڭ تىپتىكى ئاممىۋى جىنايەت ھۆكۈمى ئېلان قىلىش يىغىلىشىغا قاتناشتى. ئايىغى ئۈزۈلمەي رايوندا داۋام قىلىۋاتقان ھۇجۇملارغا باغلانغان 55 جىنايەت گۇماندارى غۇلجىدىكى بىر تەنتەربىيە مەيدانىدا جىنايەتچى دەپ ئېلان قىلىندى Fifty-five suspects declared guilty of crimes including terrorism at a stadium in Yining, after string of attacks linked to region - http://www.theguardian.com/world/2014/may/28/mass-sentencing-rally-xinjiang-china
خىتاينىڭ سوت مەھكىمىسى شىنجاڭ رايونىدىكى 32 ئادەمگە توردا ئېكىستىرىمىزىم تەرغىباتى قىلغانلىقى ۋە تېررور گۇرۇپپىسى قۇرغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە قامىغان Courts in China's Xinjiang region have jailed 32 people on charges of spreading extremist content online and organising terror groups
http://www.bbc.co.uk/news/world-asia-china-28258983




## "تۇتۇۋالىدۇ!"

تېلېفونغا قالايمىقان نەرسە قاچىلىماڭ تۇتىۋالىدۇ.

كومپيۇتېرغا قالايمىقان بىرنەرسە قاچىلىماڭ تۇتىۋالىدۇ.

ھەقنى سۆزلىمەڭ تۇتىۋالىدۇ، ئۆيىڭىزدە كىتاب ماتېرىيال ساقلىماڭ تۇتىۋالىدۇ، ساقال قويماڭ تۇتىۋالىدۇ، يۈزىڭىزنى ياپماڭ تۇتىۋالىدۇ، ياخشىلىققا بۇيرىماڭ،

يامانلىقتىن توسماڭ تۇتىۋالىدۇ، ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل خەجلىمەڭ تۇتىۋالىدۇ، تۇتىۋېلىنغانلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىدىن نېرى تۇرۇڭ، تۇتىۋالىدۇ،

ماشىنىڭىزغا روياچ سالماڭ تۇتىۋالىدۇ، ئاممىۋى سورۇندا ناماز ئوقۇماڭ تۇتىۋالىدۇ، تەبلىغ ئاڭلىماڭ تۇتىۋالىدۇ، بەك كۆپ...

بۇلارغا ياخشى كۆرۈلمەيدىغان ئىشلارنى قەتئىي قىلماڭ تۇتىۋالىدۇ! چۈنكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق مۇشۇلارنىڭ قولىدا،

تەقدىر مۇشۇلارنىڭ قولىدا! ئۇلارغا ئىشىنىڭ .

ئەمدى تۆۋەندىكى خوش خەۋەرگە قۇلاق سېلىڭ:

ھاراق ئىچىڭ تۇتمايدۇ، تاماكا چېكىڭ تۇتمايدۇ، زىنا، پاھىشەلىك قىلىڭ تۇتمايدۇ، ئالدامچىلىق ساختىپەزلىك قىلىڭ تۇتمايدۇ، يالغان سۆزلەڭ، ئاتا - ئانىڭىزنى قاخشىتىڭ

*تۇتمايدۇ،*
*يېرىم يالىڭاچ كىيىملەرنى مودا كىيىك تۇتمايدۇ، ئۇلارنى ماختاڭ، رەھمىتىگە ھەشقالللا ئوقۇۋۇك تۇتمايدۇ،*

*چۈنكى دەل شۇلار سىزگە رىزىق بېرىۋاتىدۇ! ئوقۇۋاتقانلارنى چېقىلىڭ، ئۇلارغا تۇتۇپ بېرىڭ، مۇكاپات بېرىدۇ، چۈنكى ئۇلار سىزنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، گەپ ئاڭلاڭ، بەك بەك ئېھتىيات قىلىڭ، بولمىسا قاراڭغۇ ئۆيدە يېتىپ موما يەيسىز!*

خىتاي ھۆكۈمىتى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر مەسلىسىدە "قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە سېتىش" ھۈنىرىنى قوللىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرلۇك ھەق - ھوقوقلىرىنى دەپسەندە قىلىشنى توختۇتۇپ، مەسلىنى نېگىزىدىن ھەل قىلىپ، ئۆز - ئارا يارشىش، ۋەزىيەتنى يۇمشىتىش يوللىرىنى ئىزدەشتىن كۆرە قانداقتۇر بىر ئىچكى - تاشقى كۈچلەرگە ئارتىپ ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئېتىراپ قىلماسلىققا ۋە دۇنيا جامائىتىنى ئالداشقا ئورۇنۇپ كەلمەكتە. خىتاي رەسمىي ئاخباراتلىرىدا ياكى دىپلوماتىيە سەھنىللىرىدە غەرىپ سىياسىتىگە ماس ھالدا تەرغىب قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر ۋەتىنىدە يۈز بېرىۋاتقان قانلىق ۋەقەلەرنى بىر تۈركۈم "ئىسلامچى دىنىي ئاشقۇنلار" ياكى "ئىسلام جىھادچىللىرى" ۋەياكى نامى ئۇلۇغ "شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى" نىڭ بىردەك ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە پىلانلىشى بىلەن يۈز بېرىۋاتىدۇ دەپ دەۋا قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

ئەمما بۇ قاراشلارنىڭ قانچىلىك راست ۋە يالغان ئىكەنلىكىگە باھا بېرەلمەيمىز چۈنكى خىتاي ھۆكمىتى 2009- يىلىدىكى 5- ئىيۇل قانلىق ۋەقەسىدىن كېيىن رايونغا مۇستەقىل خەلقئارالىق تەكشۈرگۈچىلەرنى ياكى چەتئەل مۇخبىرلىرىنىڭ بېرىپ نەق مەيداندىن خەۋەر قىلىشنى چەكلەپ كەلدى. شۇ سەۋەبتىن غەرب ئەللىرى خىتاينىڭ بۇ خىلدىكى ئاتالمىش "ئۇيغۇر ئىسلام جىھادچىلىغى" مەلۇماتلىرىغا ئىشەنمەي كېلىۋاتىدۇ .




خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر ئېلىدىكى زوراۋانلىق ۋەقەلىرىگە قارىتا سەۋەپ - نەتىجە مۇناسىۋىتىدە ھەل قىلىش يولىنى ئىستىمەي، "مۇقۇملۇق ھەممىدىن ئەلا" شۇئارىنى دەۋراڭ سېلىپ، ۋەقە يۈز بېرىش سەۋەبىنى ئوتتۇرىغا قويماسلىق، ھەل قىلماسلىق، ئۆچۈق - ئاشكارە بولماسلىق، چەتئەل مۇخبىرلىرىنىڭ بىتەرەپ ھالدا نەق مەيداندىن خەۋەر بېرىشىگە يول قويماسلىقتەك دۆلەت ئىرقچىلىق، دىكتاتورلۇق تۈزۈملىرىنى يۈرگۈزۈپ ئۇيغۇر مەسىلىسدە دۇنيانىڭ دىققىتىنى دۇنيا سىياسىتىدە مودا بولۇۋاتقان "ئىسلام جىھادچىللىرى" غا باغلاپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ قاتتىق باستۇرۇش سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىۋاتىدۇ.

خەلقئارا سىياسي سەھنىدە بولسا ئۆزىنىڭ ئىقتىساد ۋە سودا ـ تىجارەت جەھەتتىكى ئەۋزەل كوزىرىنى ئويناپ غەربنىڭ "ئىسلام جىھادچىلىقىغا قارشى" ھەرىكەت شامىلىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ ئۆزىنى "ئىسلام جىھادچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچۇرغۇچى دۆلەت"

قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقلىق ھوقوق داۋاسىنى باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى قانۇنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە[15] .

ئۈندىداردا كۆزۈتىلگەن مەنبەلەر يەنە بىر تەرەپتىن شۇنى كۆرسىتىدۇكى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ۋەتىنىدە توختاۋسىز ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەر تۈرلۈك كۈرەشلەر نەتىجىسىدە بولۇپمۇ 2009- يىلىدىكى "ئۈرۈمچى 5- ئىيۇل قانلىق ۋەقەسى" دىن كېيىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ روھىي-ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولغان، بولۇپمۇ يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىدىغان ياشلاردا مۇسۇلمانلىق كىملىك ئېڭى روشەن كۈچەيگەن. QQ ئۇچۇر دېتالىدىن كېيىن ئۈندىدارنىڭ ئۇيغۇر ياشلارغا ئېلىپ كەلگەن ئالاقىلىشىشتىكى تېخنىكىلىق قولايلىقلىرى ناھايىتى زور بولغان. ھەتتا ياشلار دائىرىلەرنىڭ تور چەكلىمىسىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ ئۆزلىرى قىزىققىدىغان دۇنياۋى ئىسلام مەنبەلىرىنى توپلاش، رەسىم، ئۈن ۋە سىن مەنبەلىرىنى يىغىش ۋە تەھرىرلەش، ئىسلامىي ۋەز-نەسىھەت ۋە پەتىۋالارنى تارقىتىش، ئۆز-ئارا ئۆز دىنىي ئېتىقاد توغرىسىدا




---

15 خىتاي ۋە ئامېرىكا يۇقىرى دەرىجىلىك تېرورغا قارشى سۆھبەت ئۆتكۈزدى" 2014- يىلى 17-ئىيۇل.
China, U.S. Hold High level Anti-terror Dialogue
http://english.cri.cn/12394/2014/07/16/2821s836331.htm
http://fas.org/sgp/crs/row/RS21995.pdf

ئاكتىپ پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئىسلام دەۋەتچىلىكىنى ئېلىپ بېرىش قاتارىدىكى مەزمۇنلارنىڭ كۆپلەپ يوللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

تەبىئىيكى ياشلارنىڭ ئەقىلفون ئارىلىق ئۇندىدار، Facebook قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى بۇ خىل پائالىيەتلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئىسلام دىنىنى توغرا ئۆگىنىش، ھەقىقىي تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇش، ئۆز-ئارا روھىي مەدەت، بىرلىك ۋە ئىناقلىق ئىستەش، ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام يوللىرىنى بىرلىكتە ئۆگىنىشتەك ئىسلامى ئۈممەتچىكلىك يوللىرىنى تۇتقانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇ ئەقلفون ئارقىلىق ئۈندىداردا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان دەۋەتچىلىك پائالىيەتلىرى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىسلام دىنى ئىبادەت ۋە كىيىم-كېچەك ئۆرپ-ئادەتلىرىنى چەكلەش قىلمىشلىرىغا قوشۇلغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ناھەقچىلىكلەرگە قارىتا نارازىلىق ئىنكاسىنىڭ سىياسىي ئىسلام تۈسىدىكى "جىھاد" قىلىش تەرغىباتلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرۈۋالالايمىز .



خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قاتتىق باستۇرۇشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلار ئۆز مىللىي ۋە دىنىي مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قېلىشتا ئېغىر خىرىسلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىي ئېتىقادى - ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى ۋە مىللىي ئورۇپ- ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىشتا، خىتاي مەدەنىيىتىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ يوقاپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى بىردىن بىر تاللاش يولى دەپ قارايدۇ ۋە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام دىنى ئېتىقادىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇيغۇر مېدىيا تاراتقۇللىرى، ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرى ۋە تور بەتلىرىدىنمۇ ئەگەر ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام دىنى ئېتىقادىدا چىڭ تۇرغاندىلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىجرا قىلىۋاتقان دىنسىزلاشتۇرۇش سىياستى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئەخلاق كرىزىسى ۋە ئەيدىز كېسىلى قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنىڭ كەڭ يامرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئىناقلىق ۋە مىللىي بىرلىكلىگىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خىتاي مەدەنىيەت ئاسسىمىلياتسىيىسىدە يوقاپ كېتىشتىن ئۇنۇملۇك ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردۇ. [16]

---

[16] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى 2013- يىلى 2-ئاينىڭ 14- كۈنىدىكى خەۋىرى: دوكتور ئەركىن سىدىق: ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل
http://www.rfa.org/uyghur/xewerler/din/uyghur-din-02142013170536.html/story_main?encoding=arabic

# خۇلاسە

ماقالىدا مەن نىشان قىلىنغان 6 كىشىنىڭ ئۈندىداردىكى پائالىيەتلىرىدىن ۋە بىر دوستلار چەمبىرىكىگە يوللانغان يوللانمىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلەيمىزكى يېشى ئەڭ كىچىك، هايات تەجرىبىسى ئەڭ كەم، جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنى ئەڭ تۆۋەن بولغان ياش ئىسلام ئاشىقۇنلىقىغا ۋە ئىسلام جىهادچىلىقىغا مۇناسىۋەتلىك تېمىلارنى ئەڭ كۆپ يوللىغان. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئۈندىداردا يوللانغان ئىسلامىي مەزمۇنلاردىن تۆۋەندىكى ئىككى يەكۈن خارەكتېرلىك سوئالنى چىقىرىمىز:

1- ئۇيغۇرلار پەقەت ئىسلام يولىنى مەهكەم تۇتۇپ، تەقۋادار مۇسۇلمان بولغاندىلا ئۆزلىرىنى ختاي ئاسسىمىلياتسىيىسىدىن ساقلاپ قالالامدۇ؟

2- پەقەت ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىدا چىڭ تۇرغاندىلا دىنسىزلار هاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئۆز جەمئىيىتىدىكى زەهەر چېكىش، هاراقكەشلىك، بۇزۇقچىلىق، ئوغرىلىق، يالغانچىلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي ئەخلاق ئىللەتلىرىنى تۈزىتەلەمدۇ؟

ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىلفون ئارقىلىق ئۈندىدار قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرىنى قوللىنىشى بىر مەسىلە ئەمەس، مەسىلە ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بولۇپمۇ ياشلىرىغا دۇنياۋى ئىسلام ئاشىقۇنلۇق ئىدىيىسىنىڭ، ئىسلام جىهادچىلىق تەرغىباتلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر قىلىشى، تېخىمۇ كۆپ زور كۆلەملىك قانلىق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىش ئېهتىماللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدۇر.

خىتاي ھۆكۈمىتى رايوندا يۈز بېرىۋاتقان زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ داۋام قىلىشى بىلەن يېقىنقى ئايلاردىن باشلاپ ئىجرا قىلىۋاتقان ئۈندىدارلاردا ئىسلامىي مەزمۇندىكى تېمىلارنى يوللىغان ۋە ئەقىلفونلاردا ساقلىغان ياشلارنى تەكشۈرۈش ۋە تۇتقۇن قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلىغان[17] .




[17] ئۇيغۇر ئېلىدە يېقىنقى ۋەقەلەردىن كېيىن كوچىلارغا مەخسۇس ساقچى قويۇپ خالىغان كىشىنى توختىتىپ ئۇلارنىڭ تېلېفونىدىكى مەزمۇنلارنى، ساقلىۋالغان ماتېرىياللىرىنىڭ مەزمۇنىنى تەكشۈرۈشنى، دىنىي ۋە ياكى سىياسىي سەزگۈرلۈككە ئائىت ئۇچۇرلار بايقالسا دەرھال قولغا ئېلىشنى يولغا قويىدى. كىشىلىك ھوقۇق ۋە خۇسۇسىي ھاياتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىدىغان بۇ خىل ھەرىكەتلەرنىڭ، ئۆزىنى دۇنيادىكى قۇدرەتلىك كۈچ قاتارىدا كۆرۈۋاتقان بىر دۆلەتتە يۈز بېرىشى ئۈمىدسىزلىك پەيدا قىلماقتا .
http://www.rfa.org/uyghur/xewerler/kishilik_hoquq/xitay_uchur_08092014070134.html

خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىر ئىجرا قىلىۋاتقان بارلىق چەكلەش ۋە قاتتىق باستۇرۇش ھەرىكەتلىرى بەلكىم بۇ خىلدىكى "غەيرى-رەسمى ئىسلام ئاشقۇنلۇق" ئىدىيىلىرىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يامراپ كېتىشىنى مەلۇم شەكىلدە تىزگىنلىشى، ۋاقىتىنچە ئالدىنى ئېلىشى مۇمكىن ئەمما مەسىلىنىڭ يىلتىزى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقان ئىنسان ھەق-ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىش ھەرىكەتلىرىنى توسۇپ قالالمايدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى جىددىي ۋەزىيىتىنى يېقىندىن كۆزىتىپ كېلىۋاتقان كۆپ ساندىكى غەرب ۋە ئۇيغۇر ئىلىم ئادەملىرى مۇنداق دەپ قارايدۇ: "خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق دىنىي، سىياسىي، ماددىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي ھەق-ھوقۇقلىرىغا قارىتا قاتتىق ئىجرا قىلىۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتى بۈگۈنكى زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىگە قارىتىلغان بۇ خىلدىكى پۈتۈن بىر مىللەت سۈپىتىدە جازالاش، مىللىي ۋە دىنىي كەمسىتىش، باستۇرۇش سىياسەتلىرىنى ۋاقتىدا ئۆزگەرتمەيدىكەن، ئەمەلىي ھەركىتى بىلەن ھەقىقىي يارىشىش يوللىرىنى ئىزدەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقلىق تەلەپلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلمايدىكەن رايوندا خىتاي ھۆكۈمىتى ئارزۇ قىلغان ئىناق جەمئىيەت ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بۇ يەردىكى كىشىنى ئەنسىرىتىدىغان ئەھۋال شۇكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىلدىكى قاتتىق باستۇرۇش ۋە چەكلەش ھەرىكەتلىرى ئۇيغۇرلاردا تېخىمۇ قاتتىق ئىسلام رادىكاللىقىنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش مۇمكىنچىلىكىدۇر."[18]

---

[18] "شىنجاڭدىكى رومال قىزغىنلىقى ئۇيغۇرلار كونسېرۋاتىپ ئىسلامغا كۆچكەنلىكىنىڭ سىگنالىنى بەرمەكتە" (In Xinjiang, Veils Signal Conservative Shift Among Uighurs)، Griffith ئاسيا ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتورى Michael Clarke مۇنداق دەيدۇ: "بۇ يەردىكى يېڭىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەكلەش تەدبىرلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىدۇر. بۇ يەردىكى كىشىنى ئەنسىرىتىدىغان ئەھۋال شۇكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىلدىكى قاتتىق باستۇرۇش ۋە چەكلەش ھەرىكەتلىرى ئۇيغۇرلاردا تېخىمۇ قاتتىق ئىسلام رادىكاللىقىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن" http://online.wsj.com/articles/in_xinjiang_veils_signal_conservative_shift_among_uighurs_1406830554

"شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە ساقال ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ياغلىقى ئاپتوبۇسلاردا چەكلەندى"

ماقالىنىڭ بارلىق نەشىر ھوقوقى قوغدىلىدۇ. ئاپتورنىڭ رۇخسىتىسىز كۆچۈرۈپ تور سەھىپىللىرىدە نەشىر قىلىش، گېزىت - ژۇرناللاردا بېسىش ۋە تارقىتىش مەنئى قىلىنىدۇ. ئاپتورنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىڭ. مەزكۇر ماقالىنىڭ تور سەھىپىسىدىكى مۇقىم كۆرۈش ۋە ساقلىۋېلىش ئۇلىنىشلىرى:

www.uyghurensemble.co.uk/Eqilfon_Islam.pdf

www.uyghurensemble.co.uk/uy/?p=347

www.uyghurensemble.co.uk/uy | www.uyghurensemble.co.uk

---

(In One Xinjiang City, Beards and Muslim Headscarves Banned From Buses)

نيۇيورك Fordham قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى Carl Minzner مۇنداق دەيدۇ: "بۇ خىلدىكى قاتتىق قوللۇق سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈش ئۇزۇن مەزگىللىك كۆزلىگەندە بېيجىڭ دائىرىلىرىگە پايدىسىز. شىنجاڭدىكى ھازىرقى جىددىي ۋەزىيەتنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رادىكال مېتودلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغاندەك قىلىدۇ" -
http://www.foreignpolicy.com/articles/2014/08/05/karamay_bans_beards_muslim_headscarves_from_public_buses_xinjiang